# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 5 - ئاي
27
چارشەنبە
维吾尔文 5 月27日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25074 - سان بۈگۈن 4 بەت


## جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش بۇرچىنى جەزمەن ئادا قىلىش

### —— مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندىن جۇڭگو ئىشەنچىگە نەزەر

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى شۈ ياڭ، ياڭ يۇخۇا، جياڭ فاڭ، جېڭ جۈنتيەن

2020 - يىلى قىيىنچىلىق ۋە خىرىس مىسلىسىز بولدى.

مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندىن ئىبارەت بۇ كۆزنەكتىن بىز بىر ئىشەنچى ئۈزۈل تاشتەك مۇستەھكەم جۇڭگونى، بىر قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملەنگەن جۇڭگونى كۆردۇق.

100 يىللىق كۆرەش نىشانى ۋە 1000 يىللىق ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرغىنىمىزدا، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ غايەت زور پاراخوت بوران - چاپقۇندا توسالغۇسىز جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى.

ئىشەنچ —— قىيىنچىلىق ئىچىدە يېڭى ئۈمىد تۇغدۇردى

قىيىنچىلىق بولغاندا تېخىمۇ ئىشەنچ بولىدۇ، بۇ، ئىككى يىغىندىن تارقالغان روشەن سىگنال.

ئىككى «1 تىرىليون يۇەن»، ئالاھىدە تەدبىر تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ھالىتىنى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ ئازادلىق ئارمىيە ۋە قۇراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئارمىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ 2020 - يىللىق نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار لى شۈيۈك، لى شۇەنلياڭ) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ئازادلىق ئارمىيە ۋە قۇراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن ئارمىيە ئاگاھلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئارمىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ 2020 - يىللىق نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى قەتئىي تاماملىشى كېرەك.

يىغىندا، لى يۈك، خې لېي، ۋاڭ خەي، لى خوخۇي، سۈي يۈلىڭ، جۇڭ جىمىڭ، ۋاڭ خۇيچىڭ، ليۇ گۇاڭبىندىن ئىبارەت سەككىز ۋەكىل ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلىپ، ئارمىيەمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش، يۇقۇم شارائىتىدىكى ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى كۈچەيتىش، بىيولوگىيە بىخەتەرلىكى مۇداپىئە ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىغا ئائىت قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش، ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىنىڭ «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈشنى ياخشى تۇتۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن پۈتۈن ئارمىيەدىكى قىسىملارنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشى ئارمىيەمىز ئۈچۈن بىر قېتىملىق چوڭ سىناق بولدى. خەلق ئارمىيەسى پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى، گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. ئەمەلىيەت يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، خەلق ئارمىيەسى باشتىن - ئاخىر پارتىيە ۋە خەلق تامامەن ئىشىنىدىغان قەھرىمان ئارمىيە.

شى جىنپىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەر توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ مەيدان

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ئازادلىق ئارمىيە ۋە قۇراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

باش شۇجىغا دوكلات · نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىمىز ⑧

## بىر قولدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئېلىش بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

**قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بىر تۈرلۈك سىستېما قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك.**

**—— شى جىنپىڭ**

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ليۇ يى، جوۋ پېڭ، ليۇ يىمىڭ، نىي نىڭ

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئېلىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش باسقۇچىغا كىردى، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋاملىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئوخشاشلا مۇھىم. نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىگە تېخىمۇ مۇناسىۋەتلىك.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ مەسئۇلىيەتنى توختاتماسلىق، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ سىياسەتنى توختاتماسلىق، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى توختاتماسلىق، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى توختاتماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش كۈچىنى ئۆزگەرتمەسلىك،

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## زۇڭلى لى كېچياڭ مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى** 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى يېپىلغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ خەلق سارىيىنىڭ 3 - قەۋىتىدىكى ئالتۇن رەڭلىك چوڭ زالدا مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەم جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئىككى ئالىي مەھكىمىنىڭ دوكلاتى ۋە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **يۈەن لىي، جاۋ جېيۈن، رىن جياڭنىڭ** بېيجىڭغا ئۇلاپ بەرگەن خەۋىرى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆز ساھەلىرى بويىچە گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات ۋە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىنى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى يىغىن ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团

# شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات قاتارلىقلارنى قاراپ چىقتى

## چېن چۈەنگو، ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، لى ياك** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى گۇرۇپپا يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلاتنى قاراپ چىقتى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن ئىمىرباقى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

قەيسەر ئابدۇكېرىم، قۇربان نىياز، دىلشات قېدىرقان، چېن لياڭ، مېھراي ئىبراھىم، ئېرجان جۇۋانقان، زۇمرەت ئوبۇل ۋە ۋاڭ گاڭ، پەرھات روزى، ليۇ باۋزېك، خې شىڭلياڭ، سۈي جيۇشيۇ، جوۋ شۈيۈك، پاتىمە، سۈن چۈنۋاڭ قاتارلىق ۋەكىللەر سۆز قىلدى.

ۋەكىللەر مۇنداق دېدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى دۆلەتنىڭ تېز تەرەققىيات ئۆزگىرىشىدىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىككە ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ئېنىق تونۇپ يەتتى. ئۆتكەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، نازارەت قىلىش ھوقۇقى، قارار قىلىش ھوقۇقى، ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشكە، يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنى قانۇنسىز سودا قىلىش ۋە يېيىشنى ئومۇميۈزلۈك چەكلەش توغرىسىدىكى قارارنى چىقاردى، ئاممىۋى سەھىيە قانۇنچىللىق كاپالىتى سىستېمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدىغان قانۇن چىقىرىش، قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، قوزغاتتى، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇننى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى قانۇن مەدىتى بىلەن تەمىنلىدى. باشتىن - ئاخىر خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيەت خاسلىقى، دەۋر خاسلىقىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈمى ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى خەلقنىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇش كېرەك.

ۋەكىللەر مۇنداق دېدى: ھەق تەلەپ قانۇنى ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل قانۇن تۈپلىمى. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى تۈزۈش ھەق تەلەپ پائالىيەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن بولۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر بولۇپلا قالماي، يەنە ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى ئوبيېكتىپ ئېھتىياج. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇكەممەل ھەق تەلەپ قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ۋەكىللەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا تايىنىدىغان ئاساسى. پەقەت دۆلەت خەۋپسىزلىكى كاپالەتكە ئىگە بولغاندىلا، شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىملىقى ئاندىن كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. دۆلەت خەۋپسىزلىكى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولغان ئەھۋالدا، شياڭگاڭ جەزمەن بارغانسېرى ياخشى تەرەققىي قىلىدۇ. ۋەكىللەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنى بىردەك قۇۋۋەتلەپ، قارار لايىھەسى يۇقىرى سۈپەتلىك قانۇن لايىھەسى بولۇپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا يۈزبەرگەن دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىش ۋە پائالىيەتلەرنىڭ قانۇن بويىچە كۈچلۈك ئالدىنى ئالىدۇ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)